# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
14
پەيشەنبە
维吾尔文 5 月14日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25061 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كورېيە زۇڭتۇڭى، سرى لانكا زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچتە كورېيە زۇڭتۇڭى ۋېن زەيىن بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو - كورېيە ئىككى دۆلەتتە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، جۇڭگو بىلەن كورېيە باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولدى، ئۆزئارا قوللىدى، ئۆزئارا ياردەم بەردى. جۇڭگو بىلەن كورېيە باشلامچىلىق بىلەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورنىتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# يېڭى يول ئېچىش يېڭى سەھىپە پۈتۈش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىدىن خاتىرە

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شىياۋسۇڭ، جۇ جىچەي، خەلق گېزىتى مۇخبىرى دۇ شاڭزې**

ھەيۋەتلىك تەيخاڭشەن تېغى، تۇتاش كەتكەن لۈلياڭ، قاتمۇقات يېشىل تاغلار، مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان فېنخې دەرياسى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىنىۋاتقان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىنىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ سەنشىگە كېلىپ، يېزىلارغا بېرىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، كارخانىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىسلاھاتنى تەكشۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم سەنشىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولۇشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى. ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «مەركەزگە بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، مەن سەنشىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلدىم».

ئۇ سەنشىنىڭ بۇ يىللاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىش، ئۇنىۋېرسال ئىسلاھات، ئېكولوگىيەنى ئاسراش، خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سەنشىنى تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاپ، تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىش يېڭى يولىنى تىرىشىپ ئېچىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، سەنشىنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

### «غەم تۈگىتىش ئوتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش گۆھىرى»

«باش شۇجى، يەنە بىر ئايدىن كېيىن بۇ يەردىكى سېرىقگۈل راسا ئېچىلىش مەزگىلىگە كىرىدۇ، شۇ چاغدا ھەممە يەر ئالتۇن رەڭگە كىرىدۇ، ھەممە شادلىققا تولىدۇ!»

ئىللىق قۇياش نۇرى كەڭ ئېتىزلىققا چېچىلىپ تۇراتتى، داتۇڭ شەھىرىنىڭ يۈنجۇ رايونىدىكى ئورگانىك سېرىقگۈلنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش بازىسىدىكى سېرىقگۈل مايسىلىرى بىر چى ئېگىزلىكتە ئۆسكەن بولۇپ، ياپيېشىل يوپۇرماقلىرى كۆككە قاراپ يېيىلغانىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېتىزلىقتا كۆز ئالدىدىكى بىر پارچە ئۈمىد ئېتىزىغا باقتى، چېھرىدىن خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ سەنشىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تۇنجى بېكەتتە بولغان داتۇڭغا كەلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇرتداشلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مۇستەھكەملەش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇرتداشلارنىڭ كىرىمىنىڭ سىجىل ئېشىپ بېرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتۇر. ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا، باش شۇجى ئۇدۇل ئېتىزلىققا بېرىپ، شۇ جاينىڭ سېرىقگۈل كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

سېرىقگۈل يەنە نەغزگۈل، غەم تۈگىتىش ئوتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھەم يېيىشكە بولىدۇ، ھەم دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. داتۇڭدا سېرىقگۈل ئۆستۈرۈش 600 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئۆستۈرۈش كۆلىمى 260 مىڭ موغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. دەل قەدىمكىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «دېھقانلارنىڭ گۆھىرى يوق دېمەڭ، ھەممە يەردىكى سېرىقگۈل ئالتۇندۇر» دېگەندەك بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش «چوڭ ئىش»نى ياخشى قىلىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى يېشىل تەرەققىياتنىڭ يېڭى يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

**«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىشنى ئېنېرگىيە ئىنقىلابىنى ئالغا سىلجىتىش، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ، تاغنى تۈزەش، سۇنى تۈزەش، كىلىماتنى تۈزەش، شەھەرنى تۈزەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك»**

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ھەرقايسى جايلاردىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتىن ئىبارەت «چوڭ ئىش»نى ياخشى قىلىش كېرەك.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتە، تەييۈەن شەھەر ئاھالىسى گو شياۋجۈەن فېنخې دەرياسى تەييۈەن شەھەر رايونى جىنياڭ كۆۋرۈكى بۆلىكى ئەتراپىدا چېنىقىۋاتاتتى. تەكشۈرۈشكە كەلگەن باش شۇجى شى جىنپىڭنى كۆرۈپ، ئۇ ۋە ئەتراپتىكى ئامما بىرلىكتە چۇرىدىشىپ باردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن «فېنخې دەرياسىنى تۈزەش سەنشىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە تەييۈەن ھەتتا سەنشىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ مۇناسىۋەتلىك» دېگەن سۆزى گو شياۋجۈەنگە ئالاھىدە تەسىر قىلدى.

«فېنخې دەرياسى مىليونلىغان سەنشىلىقلارنى بېقىپ ئۆستۈردى، بىزنىڭ ‹ئانا دەريا›نى ياخشى قوغداپ، ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار» دېدى گو شياۋجۈەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلاش كېرەك.



5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى تىيانشان شىمېن پۇقرالار بازىرىدا تىجارەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، ئۇلاردىن تىجارەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزى، ئۈرۈمچى كۆپ شەكىللىك بىرلەشمە ترانسپورت مەركىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم فۇنكسىيەلىك تۈرلەر قۇرۇپ چىقىلدى. چېن چۈەنگو قۇرۇقلۇق پورت رايونىغا كېلىپ، ئۇنىۋېرسال پورت مۇلازىمىتى، نۆۋەتچى پويىزنىڭ يىغىلىشى، يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش، ئامباردا ساقلانغان زاپاس مال قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىرىك پىلاننى ئىلمىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۆر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قۇرۇقلۇق پورت رايونىنىڭ مال توپلاش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 88 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 88 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى قوغداش، پايدىلىنىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باغ - ئورمانچىلىقىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت تۈرتكە بولىدىغان، ساھەلەر يېتەكلەيدىغان، بازار يېتەكچىلىك قىلىدىغان باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكىسى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 87 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 87 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ دائىمىي كومىتېت 16 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاممىۋى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

# دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى**

لەڭگەر كەنتى:

# كۆپ تۇغۇلىدىغان قىزىل قوينىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش مەخپىي شىفرىنى يەشتى

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ليۇ يى، چېن مېيخۇا، ليۇ يىمىڭ، نىي نىڭ**

شۇ جايدىكى يەرلىك قوينىڭ گېنىغا يوشۇرۇنغان بىر مەخپىي شىفىر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرىدىغان يېڭى كەسىپنى بارلىققا كەلتۈردى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرى، مۇخبىرلار گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسى لەڭگەر كەنتىگە زىيارەتكە كېلىپ، يەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ چودا كۆپ تۇغۇلىدىغان قىزىل قوينى باھالاش نەتىجىسىنىڭ شۇ جايدىكى كادىرلار، ئامما ھەۋەس بىلەن سۆزلەيدىغان تېمىغا ئايلانغانلىقىنى بايقىدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات ئىلمى شۆبىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىچە، «چودا كۆپ تۇغۇلىدىغان قىزىل قوي(ۋاقىتلىق نامى)» كۆپىيىش نىسبىتى يۇقىرى، سۈت مىقدارى كۆپ، گۆش مىقدارى يۇقىرى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئەلا سۈپەتلىك يەرلىك قوي تۈرى ھېسابلىنىدىكەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




【ئاخبارات سىزمىسى】

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، كەنت ئاھالىسى گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا كۆپ تۇغۇلىدىغان قىزىل قوينى كۆپەيتىش بازىسىدا قويلارغا يەم بەرمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مۇختەر ئەپرى سىزغان